# مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ بىرلەشمە ئۇرۇش قىلىش پىروگراممىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»نى بېسىپ تارقاتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلق ئارمىيەسىنى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئارمىيە قىلىپ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىش چۆرىدىلىپ، بىرلەشمە ئۇرۇش قىلىش قانۇن - نىزام سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئاساسىي ئۇقۇم تۇرغۇزۇلۇپ، ئاساسىي تۈزۈم ئورنىتىلىپ، ئاساسىي ھوقۇق، مەسئۇلىيەت ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، تۈزۈم قاتلىمىدىن كەلگۈسىدە «قانداق ئۇرۇشنى قىلىش، ئۇرۇشنى قانداق قىلىش»تىن ئىبارەت مۇھىم، زور مەسىلىگە جاۋاب بېرىلىپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش، ئۇرۇش قىلىشتىكى روشەن يۆنىلىش يەنىمۇ كۈچەيتىلگەن، بۇ، رەھبەرلىك، قوماندانلىق تۈزۈلمىسى، كۆلەم قۇرۇلمىسى ۋە كۈچ تۈزۈلۈشى ئىسلاھات نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، ئارمىيەمىزنىڭ بىرلەشمە ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«پىروگرامما» ئارمىيەمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئۇرۇش قىلىش نىزام سىستېمىسىدىكى يۇقىرى قاتلاملىق نىزام، ئۇنىڭدا يېتەكچىلىك، ئىدىيەۋىلىك، پرىنسىپاللىق گەۋدىلىك تەكىتلەنگەن، ماكرولۇق يېتەكچىلىك قىلىشتا يىغىنچاقلاپ ئومۇمىي جەھەتتىن قېلىپلاشتۇرۇش مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان، بىرلەشمە ئۇرۇش قىلىشنى تەشكىللەپ يولغا قويۇشتىكى ئاساسىي مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان، ئۇرۇش قىلىش ئىدىيەسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھوقۇق - مەسئۇلىيەت تەرتىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئۇرۇش قىلىش ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان بولۇپ، ئارمىيەمىزنىڭ بىرلەشمە ئۇرۇش قىلىشىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر چۆرىدىلىپ، ۋارىسلىق قىلىشنى يېڭىلىق يارىتىش بىلەن، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، پايدىلىق تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىپ، تاۋلىنىپ، ئومۇمىي رامكا بەرپا قىلىنىپ، مەزمۇن سىستېمىسى تەسىس قىلىنىپ، بىرلەشمە ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش، ئۇرۇش قىلىش ھەرىكىتى، ئۇرۇش قىلىش كاپالىتى، دۆلەت مۇداپىئەسى سەپەرۋەرلىكى، سىياسىي خىزمەت قاتارلىق مۇھىم، زور پرىنسىپ، تەلەپ ۋە ئاساسىي تەرتىپلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلغان.

مەركىزىي ھەربىي كومىتېت مۇنداق تەلەپ قىلدى: ھەر دەرىجىلىكلەر «پىروگرامما»نى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇپ، جەڭگىۋارلىقتىن ئىبارەت بۇ بىردىنبىر تۈپ ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، «پىروگرامما»نى بىرلەشمە ئۇرۇش قىلىش ۋە بىرلەشمە مەشىقنى تەشكىللەپ يولغا قويۇشنىڭ تۈپ ئاساسى قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى غەلىبە قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشى كېرەك.

# «تېرىقچىلىق» ئارقىلىق گۈزەل يېڭى تۇرمۇش يارىتىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتە تىپ ئۆزگەرتىشنى مۇقىم ئالغا سىلجىتتى، بۇ يەردىكى دېھقانلار «تېرىقچىلىق» ئارقىلىق گۈزەل يېڭى تۇرمۇشنى ياراتتى.

پۈتۈن ناھىيەدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇسنىڭ كىشى بېشى ساپ كىرىمى 2013 - يىلىدىكى 2147 يۈەندىن بۇ يىل مۆلچەردىكى 10 مىڭ 451 يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 25.37% بولدى.

## سۈپەت ئۆستۈرۈلۈپ ئۈنۈم ئاشۇرۇلدى، تېرىقچىلىق ئىشەنچى ئاشتى

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، مۇخبىر يېڭىسار ناھىيەسىگە جايلاشقان شىنجاڭ يوۋلىگو يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىگە كىرىپ، ئالدىراشلىققا تولغان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە، قاتار - قاتار رەتلىك تىزىلغان سوۋغاتلىق قۇتىلارنى كۆردى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر چەبدەسلىك بىلەن سوۋغاتلىق قۇتىلارغا پىششىقلانغان مەھسۇلاتلارنى ئايرىپ قاچىلاۋاتاتتى.

«مەن ئۆرۈكمىزدىن بۇنداق كۆپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغانىدىم» دېدى لومپا يېزىسى تېتىر باغ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى زورىگۈل تۆرە بىر تەرەپتىن ئورىغاچ، بىر تەرەپتىن سۆزلەپ.

يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ئۆرۈك ئۆستۈرۈش تارىخى ئۇزاق، ئۆرۈكلۈك كۆلىمى 150 مىڭ موغا يېتىدۇ، «جۇڭگو سەمەت ئۆرۈكى ماكانى» دېگەن نامى بار.

ئۇزاقتىن بۇيان، يەرلىك شەكىلدىكى ئېتىز پەرۋىشى، ھەمدە بازاردىن بىرقەدەر يىراق بولۇش، يېڭى پىتى ساقلاش مۇددىتى بىرقەدەر قىسقا بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر باغۋەنلەرنىڭ ئۆرۈك ئۆستۈرۈشى تەس بولۇش، ئۆرۈك سېتىشى تېخىمۇ تەس بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

2018 - يىلى، يەرلىك ھۆكۈمەت يېڭىسار ئۆرۈكى ئۆستۈرۈش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئۆرۈكلۈكلەرنى ئىلمىي پەرۋىش قىلىش، ئاسراشنى كۈچەيتىپ، كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۈچەيتىپ، ئەلا سۈپەتلىك مېۋىلىشىگە كۈچ چىقاردى، ئۆرۈك كەسپى تەدرىجىي ھالدا شۇ جايدىكى تۈۋرۈك كەسپلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

زورىگۈل مۇخبىرغا ئائىلىسىنىڭ ئون مو ئۆرۈكلۈكىدىن بۇ يىل مول ھوسۇل ئالغانلىقىنى ئېيتتى. «ئىلگىرى ئۆرۈكنىڭ سۈپىتى ياخشى ئەمەس ئىدى، ئون مو يەردىكى ئۆرۈكنى ئەڭ كۆپ بولغاندا 3000 يۈەنگە ساتقىلى بولاتتى، بۈگۈنكى كۈندە تېخنىكلار يېتەكچىلىك قىلىدىغان بولدى، بۇ يىل 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە خېرىدار ئىزدەش ئۈچۈن قاتراىمىسامۇ بولىدۇ، ھەممىسىنى شىركەت سېتىۋالدى».

يېقىنقى بىرقانچە يىلدا، يېڭىسار ئۆرۈكىنى چوڭقۇر پىششىقلاش كارخانىلىرى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىلىرىدەك بارلىققا كەلدى. يېڭىسار ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم مېھرىگۈل ئۆمەر مۇنداق دېدى: يېڭىسار ناھىيەسى 194 دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى باغ - ئورمانچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى ئاساس قىلىپ، يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ خاس باغ - ئورمانچىلىق كەسپىنىڭ تىرەك سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. ئۆرۈك كەسپىنى خەلقنى بېيىتىش كەسپىگە ئايلاندۇردى.

ئوخشاش يەردىن تېخىمۇ يۇقىرى پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى كۈچەش نۇقتىسى.

«ئائىلىمىزدىكىلەر ئۆستۈرگەن چىلاننى پەرۋىش قىلىش - ئاسراشنى بىلمىگەچكە، ھوسۇلى ۋە سۈپىتى ئىزچىل ياخشى بولمىغانىدى، كەنت مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىپ تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكلىگەندىن كېيىن، ھوسۇل يىلدىن - يىلغا ئاشتى، بۇ يىل مو بېشى ھوسۇلى 700 كىلوگرامغا يەتتى، مۇشۇنداق ھېسابلىغاندا، ئائىلىمىز 100 مو چىلانلىقتىن 100 مىڭ يۈەن كىرىم قىلالايدۇ» دېدى ئەگۈس يېزىسى كامپا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ماھنۇر تۇرسۇن.

## قۇرۇلما ئەلالاشتۇرۇلدى، كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرى كۆپەيدى

9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ يېزا - كەنتلىرىنى ئايلانغاندا، رەت - رەت كۆكتات پارنىكلىرىنىڭ يېزىلاردىكى گۈزەل مەنزىرىگە ئايلانغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ماڭشىن بازىرى يۇقارقى ئېرىق كەنتىدىكى ئەگمە پارنىك كۆكتات تېرىش بازىسىدا ھاۋاگۈل قاسىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى لازا ئۈزۈۋاتاتتى.

يېڭىسار ناھىيەسى ماڭشىن بازارلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى دېڭ پىڭپىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: ئادەم كۆپ، يەر ئاز، تېرىقچىلىق تەننەرخى يۇقىرى، يەرنى يەرلىك ئىگىلىك بويىچە باشقۇرۇش ھەم پايدا نىسبىتى تۆۋەن بولۇشتەك ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بازار كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، كۆكتات تېرىش بازىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ يىل 3 - ئايدا قۇرۇلۇش باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە 1400دىن ئارتۇق ئەگمە پارنىك ياسالدى، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 630 مو كېلىدۇ. «بۇ يىل، كۆكتات بازىسى تۇنجى قېتىم 300 ئەگمە پارنىكقا لازا تېرىدى، ھەربىر ئەگمە پارنىكتىن 300 كىلوگرامدىن 400 كىلوگرامغىچە لازا ئېلىش مۆلچەرلەندى.» دېڭ پىڭپىڭ مۇنداق دېدى: كۆكتات بازىسى شەندۇڭدىكى بىر كارخانا بىلەن سېتىۋېلىش - سېتىش توختامى ئىمزالىدى، ھەر كىلوگرامىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى ئون يۈەندىن تۆۋەن بولمىدى، ھەربىر ئەگمە پارنىكنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 4000 يۈەن ئەتراپىدا بولىدۇ.

«بىزنىڭ ھەر ئايدا مۇقىم مائاشىمىز بار، كۆكتات ئۈزۈش مەزگىلىدە، ھەربىر كىلوگرامنى ئۈزسەك يەنە بەش مو كىرىم قىلالايمىز، يىل ئاخىرىدا يەنە ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ پايدا تەقسىماتى بار.» كىرىمى توغرىسىدا سۆزلىگەندە ھاۋاگۈلنىڭ چېھرىگە كۈلكە يۈگۈردى.

دېڭ پىڭپىڭ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: لازا تېرىشنىڭ پايدىسى كۆپ، ئەمما تېرىقچىلىق تېخنىكىسىغا بولغان تەلىپىمۇ ناھايىتى يۇقىرى. «تۇنجى يىلى تېرىغاندا، تېخنىكا خادىملىرىمىز پۈتۈن مۇساپىلىك يېتەكچىلىك قىلدى، نۆۋەتتە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ئىگىلەپ بولدى، تېرىش ئاكتىپلىقى ناھايىتى يۇقىرى».

ئىگىلىنىشچە، بۇ يىل يېڭىسار ناھىيەسىدە تېرىلغان ئالاھىدە ئاچچىق لازا كۆلىمى 6000 مودىن ئارتۇق بولۇپ، ھەممىسى زاكاز بويىچە تېرىلغان، ھوسۇلىنىڭ 2000 توننىدىن ئېشىشى مۆلچەرلەنگەن.

مېھرىگۈل ئۆمەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، يېڭىسار ناھىيەسى مەخسۇس ئاپپارات قۇرۇپ، پۈتۈن ناھىيەنىڭ كۆكتاتچىلىق كەسپىگە تۈرتكە بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۆكتاتچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش پىلان لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىپ، پۈتۈن ناھىيەنىڭ كۆكتاتچىلىق كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، كۆكتات تۈرلىرىنى ئىلمىي پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرغان. «نۆۋەتتە پۈتۈن ناھىيە بويىچە كۆكتات تېرىقچىلىقىدا ئاساسلىقى لازا، چەيزە، لېيەنخۇابەي، سەي كاۋىسى، جاڭدۇ قاتارلىقلار ئاساس قىلىنىپ، يېزا - كەنتلەرنى بىرلىك قىلىپ ھازىرقى ئەگمە پارنىكلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىرتۇتاش تېرىپ باشقۇرۇپ، كۆكتات تېرىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى، نۆۋەتتە 50 مىڭ ئەسلىھەلىك ئەگمە پارنىك ياسالدى» دېدى مېھرىگۈل ئۆمەر.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە، يېڭىسار ناھىيەسى كۆكتات بازىسى قۇرۇلۇشىنى ياخشى پىلانلاپلا قالماي، دېھقانلارنىڭ ھويلا - ئارانلىرىغىمۇ پۈتۈن زېھنىنى سەرپ قىلدى.

بۇلتۇر ھويلا - ئاران ئىگىلىكى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تۈر مەبلىغىنىڭ قوللىشىدا، ساغان بازىرى ئاراللاڭگەر كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ھېلىمگۈل مەمەت ھويلىسىغا ئەنجۈر كۆچىتى تىكىپ، ئۈزۈم سورتىنى ياخشىلاپ، ئائىلىسىنى سېجىل مۇقىم كىرىمگە ئىگە قىلدى. ھېلىمگۈل مۇنداق دېدى: «نۆۋەتتە، ئائىلىمىزدىكى ئەنجۈرلەرنى 2500 يۈەنگە ساتتۇق، بۇنىڭغا ئۈزۈمدىن قىلغان كىرىمنى قوشقاندا، بۇ يىل كىرىمىمىز 3500 يۈەندىن كۆپرەك ئاشتى، كىچىككىنە ھويلا ئائىلىمىزگە زور كىرىم ئېلىپ كەلدى».

نۆۋەتتە يېڭىسار ناھىيەسى 50 مىڭ ئائىلىنىڭ ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنى ئۆزگەرتىشنى تاماملاپ، «ئالقانچىلىك يەر»نى «كىرىمنى ئاشۇرىدىغان باغ»قا ئايلاندۇردى.

## سېتىش يوللىرى كېڭەيتىلدى، تونۇلۇش دەرىجىسى ئاشتى

يېقىنقى كۈنلەردە، چولپان يېزىسىنىڭ بايئېرىق كەنتىدىكى سەي كاۋىسى ئەگمە پارنىك تېرىقچىلىق بازىسىدا، ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ئەزالىرى ئۈزۈش، سېۋەتكە قاچىلاش، ئېغىرلىقنى ئۆلچەش، ئاپتوموبىلغا قاچىلاش، ناھىيە بازىرى ۋە ئەتراپتىكى توپ سېتىش بازارلىرىغا ئەۋەتىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. «بىز تېرىغان سەي كاۋىسى بۇرۇنلا زاكاز قىلىنىپ بولدى، ھازىر تېرىغان كۆكتاتلىرىمىزنى سېتىشتىن قىلچە غەم قىلمايمىز» دېدى كەنت ئاھالىسى پاتىگۈل ئابلىز.

چولپان يېزىسىدىكى كۆكتات پارنىكى تېرىقچىلىق بازىسىنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 150 مو بولۇپ، 300 ئەگمە پارنىك بار، بۇ، يېزىدىكى كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بازىلىرىنىڭ بىرى. سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، چولپان يېزىسى توردا زاكازلىق مال تارقىتىش، تور سىرتىدا تەشۋىق قىلىپ سېتىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى زور كۈچ بىلەن ساتتى. «10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تۇنجى تۈركۈمدىكى تۆت توننا بەسەي بىلەن سەي كاۋىسى قەشقەر دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرىغا ئايرىپ سېتىلدى. دېھقانلار پەقەت يىغىۋېلىشقىلا مەسئۇل، سودىگەرلەر ھەر كۈنى ماشىنىدا ئېلىپ كېتىدۇ» دېدى شەندۇڭ جىنىڭنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرى، يېڭىسار ناھىيەسى چولپان يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى شى لىپى.

«بىز تېرىغان كۆكتاتلارغا زاكاز بار، باغ - ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالىدىغان، پىششىقلايدىغان كارخانىلار بار، بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش سىياسىتى بار، ئېلېكتىرونلۇق سودا سېتىش سۇپىسى بار، دېھقانلار سېتىشتىن غەم قىلمايدۇ، پەقەت ئېھتىياجنى قاندۇرالماسلىقتىن ئەنسىرەيدۇ» دېدى مېھرىگۈل ئۆمەر ئىشەنچ بىلەن.

بۇ يىل، يېڭىسار ناھىيەسى دۆلەت دەرىجىلىك نامراتلارنى يۆلەش باشلامچى كارخانىسىدىن ئىككىنى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نامراتلارنى يۆلەش باشلامچى كارخانىسىدىن يەتتىنى ئىلتىماس قىلىپ، دۆلەت «نامراتلارنى يۆلەش 832» سۇپىسىغا نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتىدىن 99نى تەستىقلاتتى ۋە كىرگۈزدى. پۈتۈن ناھىيە ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە 12 مىليون 270 مىڭ يۈەنلىك يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى بىۋاسىتە سېتىۋېلىپ، 41 مىليون 110 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشقا ياردەم بەردى.

شىنجاڭ يوۋلىگو يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى ۋاڭ يۈچيەن مۇنداق دېدى: «ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ سېتىلىش مىقدارى ناھايىتى ياخشى بولدى، نۆۋەتتە توردىكى سېتىلىش سوممىسى كارخانىنىڭ ئومۇمىي سېتىش مىقدارىنىڭ 40%نى ئىگىلىدى».

«نۆۋەتتە، پۈتۈن ناھىيەدە كۆلەملەشكەن، خاسلاشقان تېرىقچىلىق شەكىللەندى، نۇرغۇن سۇپا ۋە يوللارنىڭ ياردىمىدە، يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مۇئەييەن تونۇلۇش دەرىجىسىگە ئىگە بولدى، ئىشىنىمەنكى، تېرىقچىلىق كەسپىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، تېخىمۇ كۆپ بايلىق يارىتىلىدۇ» دېدى مېھرىگۈل ئۆمەر.

(بېشى 1 - بەتتە)

خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئۇچقاندەك ئۆرلىدى، 2019 - يىلى شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلىكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 71 مىڭ 647 يۈەنگە يەتتى. 30 يىل تورالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى، 30 يىل قار - يامغۇر، ئىسسىق - سوغۇقنى باشتىن كەچۈردى، پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتى شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى: «پۇدۇڭ تەرەققىياتىنىڭ ئەھمىيىتى كۆزنەكلىك رولى، ئۈلگە كۆرسىتىش رولىنىڭ بولغانلىقىدا، بۆسۈشكە، سىناشقا جۈرئەت قىلىپ، ئاۋۋال يولغا قويۇپ، ئاۋۋال سىنىغانلىقىدا، باشلامچى بولۇش رولىنىڭ بولغانلىقىدا».

باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: «پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 30 يىلدا قولغا كەلتۈرۈلگەن كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئەڭ جانلىق رېئال ئىسپات بىلەن تەمىنلىدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەڭ تەسىرلىك ئەمەلىي كارتىنا بىلەن تەمىنلىدى!» ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، يېڭى مەزگىلنى باشلاشتىن يېڭى ئەسىرگە ھالقىپ كىرىشكىچە، يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇشتىن يېڭى دەۋرگە كىرىشكىچە، جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋالدى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بارلىققا كېلىش، تەرەققىي قىلىشتىن مۇكەممەللىشىشكىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋالدى، جۇڭگو خەلقى قورسىقى تويماسلىق، كىيىمى پۈتۈن بولماسلىقتىن ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش، بېيىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋالدى. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان شەكىللەنگەن پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرى تامامەن توغرا؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى؛ ئىسلاھات، تەرەققىياتتا جەزمەن خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى بىزنىڭ كۈرەش نىشانىمىز قىلىپ، خەلققە تايىنىپ تارىختىكى ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمىز كېرەك!

ھازىردىن باشلاپ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، دۆلىتىمىز ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىدىغان 30 يىل. يېڭى مۇساپىدە، پۇدۇڭنىڭ يېڭى تارىخىي ئورنى ۋە بۇرچىنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيىتى، دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىيەتكە قويۇپ پىلانلاش، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا قويۇپ ئويلىشىش ۋە پىلانلاش بىزنىڭ ئۆزگىرىشنى دەل جايىدا تونۇپ، ئۆزگىرىشكە ئىلمىي ئۇيغۇنلىشىپ، ئۆزگىرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنتىلىپ، كىرىزىس ئىچىدە پۇرسەت يېتىلدۈرۈشىمىز، ئۆزگىرىش داۋامىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىزدا مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «پۇدۇڭ يېڭى رايونىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى قوللاپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان رايون بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى تەتقىق قىلىپ تۈزۈۋاتىدۇ، بۇ، پۇدۇڭ يېڭى رايونىغا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى، مۇھىم، زور ۋەزىپىسىنى يۈكلەيدۇ. پۇدۇڭ پۇرسەتنى تۇتۇپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىلمىي ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا مۇلازىمەت قىلىپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەڭ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشقا، ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە جۈرئەت قىلىپ، تىرىشىپ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يول ئاچقۇچى ئاۋانگارتلىرىدىن، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ باشلامچىلىرىدىن، «تۆت ئىشەنچ»نى نامايان قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، دۇنياغا جۇڭگو ئىدىيەسى، جۇڭگو روھى، جۇڭگو يولىنى تېخىمۇ ياخشى نامايان قىلىشى كېرەك.

يېڭى دەۋردە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە قايتا ئاتلانغاندا، پۇدۇڭ 30 ياشلىق قىران مەزگىلدە قايتىدىن ئاتلاندى. پۇدۇڭنىڭ ئېچىش، ئېچىۋېتىشنىڭ 30 يىللىق مۇساپىسىدە ماڭغىنى ئىدىيەدە ئازاد بولۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش يولى بولدى، دۇنياغا يۈزلەنگەن، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش يولى بولدى، كونا قائىدە - تۈزۈملەرنى بۇزۇپ تاشلايدىغان، يېڭىلىق يارىتىشتا بۆسۈش ھاسىل قىلىدىغان يول بولدى. كەلگۈسىگە يۈزلەنسەك، پۇدۇڭ ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش يېڭى مۇساپىسىدە جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق ئىسلاھات، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم يېڭى تېخىمۇ زور تۆھپە قوشالايدۇ!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تېلېگراممىسى)**